يار بېشى كەنتى:

# نامرات ئائىلىلەرنىڭ بىرىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويمىدى

(بېشى 1 - بەتتە)

يار بېشى كەنتىدە 5921 مو تېرىلغۇ يەر بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈكلۈك 650 مو، ياڭاقلىق 200 مو، لېكىن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ پەرۋىش تېخنىكىسى كەمچىل، باشقۇرۇشى يېرىك بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسەل ۋە ھاشارات زىيانداشلىقى ئېغىر بولغاچقا، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئۈنۈمى ياخشى ئەمەس ئىدى.

مېۋىلىك كۆچەت تىكسە كىرىمنى ئاشۇرغىلى بولامدۇ؟ خىزمەت ئەترىتى ئۈرۈمچىدىن مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلدى. مۇتەخەسسىس: ئۈرۈك دەرىخى، ياڭاق دەرىخىنى ئۆستۈرگەندە مەھسۇلات ۋە كىرىمنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ، بۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى كۆچەتنى ئىلمىي تىكىش، ئىلمىي پەرۋىش قىلىش، دېدى.

يېزا ئىگىلىك تېخنىكلىرى ئېتىز باشلىرىغا بېرىپ يېتەكچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلىنىپ، كەنت ئاھالىلىرىگە قەلەمچە تىكىش، ئۇلاش، دەرەخ شاخلىرىنى چاتاش، سۇ ۋە ئوغۇتنى باشقۇرۇش، كېسەل، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تېخنىكىسى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى، كەنت ئاھالىلىرى ئاڭلاپ توختىماي باش لىڭشىتتى.

كەنت ئاھالە كومىتېتى يەنە بىرنەچچە پەرۋىش قىلىش ماھىرىنى تاللاپ باغ - ئورمانچىلىق تېخنىكى قىلىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ مېۋىلىك دەرەخلىرىنى پەرۋىش قىلىشىغا ياردەم بەردى.

«دەرەخ شاخلىرىنى چاتامدۇق؟ بولمايدۇ، مېنىڭ ئۈرۈكلىرىم، ياڭاقلىرىمنىڭ شاخلىرى باراقسان ئۆسكەن، چاتىۋەتسەم بەك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولمامدۇ.» مېۋىلىك دەرەخلەرنى چاتايدىغان مەزگىل يېتىپ كەلگەندە، ئابدۇللانىڭ ئىچى ئېچىشىپ، تېخنىكلارنىڭ قولىغا ئېسىلىۋېلىپ، دەرەخلەرنى چاتقىلى قويمىدى.

خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ۋە كەنت كادىرلىرى ئابدۇللاغا داۋلى سۆزلەپ، سېلىشتۇرۇپ، كېپىللىك بەرگەندىن كېيىنلا، ئابدۇللا ئاندىن قولىنى قويۇۋېتىپ، تېخنىكلارنىڭ ئۆزىنىڭ مېۋىلىك دەرەخلىرىنى چاتىشىغا يول قويدى.

مېۋە پىشىش پەسلى يېتىپ كەلگەندە، ئۈرۈكتىن مول ھوسۇل ئېلىندى، بەش مو ئۈرۈكلۈكتىن 7000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىپ، ئىلگىرىكى يېرىك پەرۋىش قىلغاندىكىدىن 2000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپتى، ئابدۇللا بېشىنى قاشلاپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «يەنىلا ئىلىم - پەنگە ئىشىنىش كېرەك ئىكەن».

تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش كېرەك، خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت ئاھالە كومىتېتى كەنت ئاھالىلىرىنى كونا باغلارنى ئۆزگەرتىشكە سەپەرۋەر قىلدى، يەنە دېھقانلارنى تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ياڭيۇ، بەسەي، تۇرۇپ قاتارلىق كۆكتاتلارنى تېرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە يېتەكلىدى.

«بۇلتۇر يەر تېرىشقا تايىنىپ بىر يىلدا 15 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدىم، يەر تېرىپمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن» دېدى ئابدۇللا.

### ھەممە ئائىلىدە ئىشقا ئورۇنلاشقانلار بار بولۇش

4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، خەيرىگۈل باراتنىڭ ئېرى ناھىيە بازىرىدىن قايتىپ كەلدى، خەيرىگۈل ئۇنى ئۆزىنىڭ كىچىك دۇكىنىغا باشلاپ كىرىپ، يېقىندىن بۇيانقى سودىسى توغرىسىدا خۇشال سۆزلەشكە باشلىدى.

خەيرىگۈل ئائىلىسىنىڭ يېرى ئاز، تۇرمۇشى قىيىن ئىدى. بۇلتۇر 6 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ئۆيىگە بېرىپ خىزمەت ئىشلىدى: «سىلەر ئىككىڭلار تېخى ياش، سىرتقا چىقىپ ئىش تېپىپ ئىشلىسەڭلار كېرەك، ئىككىڭلار پۇل تاپساڭلار، تۇرمۇشۇڭلار ناھايىتى تېزلا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.» بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، خەيرىگۈلنىڭ ئېرى ناھىيە بازىرىغا بېرىپ خىزمەت تاپتى، ھەر ئايدا مۇقىم كىرىمى بار بولدى.

بالىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان بولغاچقا، خەيرىگۈل يىراققا بارالمايتتى. «ئۆيگە يېقىن جايدا خىزمەت بارمۇ؟ مېنىڭمۇ ئىشلىگۈم بار.» خەيرىگۈل كەنت ئاھالە كومىتېتىغا بېرىپ سۈرۈشتە قىلدى.

«خىش زاۋۇتى، قۇرۇلۇش ئەترىتى بار، لېكىن ئايال يولداشلارنىڭ ئىشلىشىگە ئانچە ماس كەلمەيدۇ.» كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قادىر ئابلىزنىڭ جاۋابى خەيرىگۈلنى سەل ئۈمىدسىزلەندۈردى.

بۇلتۇرنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا، قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ «ئون كىچىك دۇكان» قۇرۇلۇشى كەنتتە يولغا قويۇلدى، كەنت ئاھالە كومىتېتى بىر بوش يەرنى تاللاپ دۇكان سالدى.

پۇرسەت كەلدى. دۇكان پۈتمەي تۇرۇپلا، خەيرىگۈل ئالدىراپ كەنت ئاھالە كومىتېتىغا كەلدى، «مېنىڭ دۇكان ئاچقۇم بار، لېكىن دەسمايەم يېتىشمەيدۇ، قانداق قىلىمەن؟»

«بۇ دۇكانلار نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئىگىلىك تىكلىشى ئۈچۈن سېلىنىۋاتىدۇ، بىز سىزگە ياردەملىشىپ پۇلنىڭ ئامالىنى قىلىپ بېرىمىز» دېدى مياۋ پۇ.

مياۋ پۇ ئۆزلىرىنى ئەۋەتكەن ئورۇن — ئاپتونوم رايونلۇق كۆمۈرلۈك گېئولوگىيە ئىدارىسىدىن ياردەم سورىدى، ئىدارە پارتىيە كومىتېتى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئون نامرات ئائىلىنىڭ دۇكان ئېچىشىغا ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى.

بۇلتۇر 10 - ئايدا، خەيرىگۈل قاتارلىق ئون نامرات ئائىلىنىڭ دۇكىنى ئېچىلىپ تىجارەت باشلاندى. «ھازىر بىر ئايدا 2000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپالايمەن، بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىمىزدا چاتاق يوق» دېدى خەيرىگۈل تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن.

مۇخبىر دۇكاندىن چىقىپ، كەنت بېشىدا ۋاسكېتبول مەيدانچىلىك كېلىدىغان بىر بوش يەرگە سېمونت قۇيۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆردى، بۇ خىزمەت ئەترىتى يېقىندا پىلانلىغان يەنە بىر كىرىمنى ئاشۇرۇش تۈرى — كەچلىك بازار ئىدى.

«بۇ يەر كەنتتىكى دۇكانلارغا يېقىن، مال سېتىۋېلىش قولايلىق؛ يېقىن ئەتراپتىكى بىرقانچە كەنت بۇ يەردىن ئانچە يىراق ئەمەس، بەلگىلىك خېرىدارلار ئېقىمى بار. شۇڭا بىز بۇ يەردە كەچلىك بازار قۇرۇپ، يەنە بىر قىسىم نامرات ئائىلىلەرنىڭ يايما ئېچىپ سودا قىلىشىغا ياردەم بېرىشنى قارار قىلدۇق» دېدى مياۋ پۇ.

بۈگۈنكى كۈندە، كەنتتە 913 ئەمگەك كۈچى تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق خىزمەت تېپىپ، ھەممە ئائىلىدە ئىشقا ئورۇنلاشقانلار بار بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

### كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش

4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتە، كەنتتىكى غول يولنىڭ بويىدا، 40 ياشلىق كەنت ئاھالىسى ئەمەتنىياز قۇربان رېشاتكا ئورنىتىۋاتاتتى. بۇ كەنت كادىرلىرى ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ تېپىپ بەرگەن ئىش بولۇپ، بىر كۈن ئىشلىسە بىر كۈنلۈك كىرىم قىلىدۇ.

تۇنجى قېتىم ئىشلەپ پۇل تاپقاندا، ئەمەتنىياز ناھايىتى كۆچىدى.

ئەمەتنىيازنىڭ بىر كۆزىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىز، ئانىسىنىڭ سالامەتلىكمۇ تازا ياخشى ئەمەس ئىدى، كۈنلىرى بىرقەدەر قىيىنچىلىقتا ئۆتەتتى. يار بېشى كەنتىدە ئەمەتنىيازنىڭ ئائىلىسىگە ئوخشاش تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىك 37 ئائىلە بار ئىدى، كەنت سىياسەتكە ئاساسەن ئۇلارنى ئىجتىمائىي كاپالەت بويىچە تولۇق كاپالەتلەندۈردى ھەم كۆپ تۈردە پايدا تەقسىملەپ بەردى.

بۇ يىل 3 - ئايدا، خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ۋە كەنت كادىرلىرى نامرات ئائىلىلەردىن ئاسان قايتا نامراتلىشىپ كېتىدىغان، نامراتلىشىپ كېتىدىغان ئائىلىلەرنى زىيارەت قىلغاندا، ئەمەتنىياز ئۆزىنىڭ ئەندىشىسىنى ئېيتتى: «ئىجتىمائىي كاپالەت بويىچە تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش ۋە پايدا تەقسىماتىغا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ، لېكىن نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن قايتا نامراتلىشىپ كەتسەك قانداق قىلىمىز؟ مېنىڭ پۇت - قولۇم چاققان، يەنە ئىش بولسا قىلالايمەن. يېتىپ تۇرۇپ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئالغۇم يوق، ماڭا ماس كېلىدىغان خىزمەت بارمۇ؟»

بۇ ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا قارىتا، كەنت «ئىككى كومىتېت»ى ئادەمگە، ئائىلىگە قاراپ تەدبىر قوللىنىپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالدى.

كەنت ئاھالە كومىتېتى يەنە ئەمەتنىيازغا ياردەم قىلىپ تەۋەلىكتىكى رەڭلىك خىش زاۋۇتىدىن خىزمەت تېپىپ بەردى، رېشاتكىنى ئورنىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ خىش زاۋۇتىغا بېرىپ ئىشلەيدۇ.

«بىز ئەمەلىي ۋاقىتتىكى ھەرىكەت ھالىتىدە كۆزىتىشنى كۈچەيتىپ، نامرات ئائىلىلەرنى ۋاقتىدا سىياسەت جەھەتتىن يۆلەيمىز ھەم ئەمگەك ئىقتىدارى بار نامرات ئاھالىلەرنى پائال ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكلەپ، نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرىمىز» دېدى مياۋ پۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭ لاگېر تۈرى پىلانىدا دۆلەتنىڭ ئاپتوموبىلنى ئۆزى ھەيدەش ھەرىكىتى لاگېرىنىڭ يېڭى كەسىپ ئۆلچىمى پەرقلەندۈرۈش ئاساسى قىلىنىپ، لاگېرنىڭ تەنھەرىكەت، ئىستىراھەت، كۆڭۈل ئېچىش بۆلىكى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىستېمال ياتاقلىق بۆلىكى، دالىدا قونۇش بۆلىكى ۋە ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش رايونى بۆلىكى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. لىنىيە شەرق، جەنۇب، غەرب، شىمال، ئوتتۇرا ھەم ئۈرۈمچى لىنىيەسىگە بۆلۈندى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۈرۈمچى لىنىيەسىدە داۋانچىڭ لاگېرى، نەنشەن لاگېرى، شىنجاڭ يەندى ئاپتوموبىل تەنتەربىيە باغچىسى، ئۈرۈمچى شىرېنگوۋ لاگېرىنى بەرپا قىلىش پىلانلاندى.

«پۈتۈن شىنجاڭ تەۋەسىدە نۆۋەتتىكى ئەڭ ياخشى مەنزىرە رايونى ئەتراپى، مۇھىم قاتناش لىنىيەسى تۈگۈنىنى تاللاپ، ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ئۇنىۋېرسال ساياھەت قىلىش لاگېرىنى مەبلەغ سېلىپ قۇرۇش شىنجاڭدىكى سەپەر ئۇزۇن بولۇش مەسىلىسى ھەمدە ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىش بازىرىدىكى ‹ئاغرىش نۇقتىسى›نى ھەل قىلىپ، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ تېخىمۇ چوڭ بوشلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق» دېدى شىنجاڭ ساياھەت سېلىنما گۇرۇھىنىڭ باش دىرېكتورى ۋاڭ خۇڭجياڭ.

ئىگىلىنىشچە، شىنجاڭ ساياھەت سېلىنما گۇرۇھى بۇلتۇر 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى رەسمىي ۋېۋىسكا ئېسىپ قۇرۇلغان بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتى يېتەكچىلىك قىلىپ تەشكىللەپ قۇرغان ساياھەتنى ئاساسىي كەسىپ قىلغان تۇنجى دۆلەت سېلىنما شىركىتى، شۇنداقلا دۆلەت مۈلكى ئارقىلىق ساياھەت كەسپىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى مەبلەغ سېلىش - يۈرۈشتۈرۈش، كەسىپلەرنى بىرلەشتۈرۈش، ئۇچۇر مۇلازىمىتى، تىجارەت باشقۇرۇش، سىياسەتنى قوبۇل قىلىشتىكى مۇھىم سۇپا بولۇپ، «ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشقا تۈرتكە بولۇش، شىنجاڭنىڭ ساياھەت بايلىقى چوڭ رايوندىن ساياھەت ئىقتىسادى كۈچلۈك رايونغا ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش بۇرچىنى زىممىسىگە ئالغان.

---

مەسئۇلىيىتنى ئادا قىلغان بىر يىلدا

ئەزا يۈ جۈڭلىن:

## نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن «نېفىت كۆچى»نى بېغىشلايمىز

ۋەكىل، ئەزالارنىڭ خىسلىتى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ما يىنىڭ

جىمنەي، چىڭگىلغا كالا بورداقچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى، قوي - كالا گۆشىنى ئىنچىكە پىششىقلاش قاتارلىق تۈرلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا بېرىش، ئالتاي ۋىلايىتىدە ئاپتوموبىلغا ئىشلىتىلىدىغان تەبىئىي گازنىڭ بازار ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش... يېقىنقى بىر ھەپتىدىن بۇيان، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو نېفىتى شىنجاڭ سېتىش شىركىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر يۈ جۈڭلىن ئارامۇ ئالماي، بۇ يىلقى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا سۇنىدىغان تەكلىپ ۋە تەۋسىيەلىرى ئۈچۈن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغاندىن بۇيان، يۈ جۈڭلىننىڭ كۆپلىگەن تەكلىپى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولدى، ئۇ تۇرۇشلۇق كارخانىمۇ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ۋە ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنىڭ ئۈنۈملۈك يوللىرى ئۈستىدە زور كۈچ بىلەن ئىزدەندى.

بۇلتۇردىن بۇيان، يۈ جۈڭلىن جۇڭگو نېفىتى شىنجاڭ سېتىش چەكلىك شىركىتىدىكىلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ، گۇرۇھ شىركەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، جۇڭگو نېفىتى شىنجاڭدىكى نامراتلارنى نىشانلىق يۆلەيدىغان ئالتە ناھىيەنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى بىرتۇتاش باشقۇردى، بۇ ئالتە ناھىيە جىمنەي ناھىيەسى، چىڭگىل ناھىيەسى، تولى ناھىيەسى، چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسى، نىلقا ناھىيەسى، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىدىن ئىبارەت. شىركەت جۇڭگو نېفىتنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى 20 مىڭدىن كۆپرەك ماي قاچىلاش پونكىتىدىكى قولايلىق دۇكانلىرىغا تايىنىپ، ئالتە ناھىيەنىڭ گۈرۈچ، ئۇن، گۆش، ياغ ۋە ئەلا سۈپەتلىك يەرلىك خاس مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ، 2019 - يىلى سېتىلىش سوممىسىنىڭ 13 مىليون يۈەنگە يېتىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

2019 - يىلى، يۈ جۈڭلىن تۇرۇشلۇق شىركەت ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتە سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىش، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتە زاپاس كۈچنى ئاشۇرۇش، ساياھەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتە ئەتراپقا تۈرتكە بولۇش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، سېتىش يوللىرىنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق، جىمنەينىڭ قوي - كالا گۆشى، ئۇنى، چاپچالنىڭ زاراڭزا يېغى قاتارلىق 180 خىلغا يېقىن يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلەندۈردى؛ ھەم چاپچال، جىمنەي، چىڭگىلدىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيەدە بار بولغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش كەسىپ تۈرلىرى ئاساسىدا، 24 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، نامراتلارنى يۆلەش خاس كەسىپ زەنجىرىنى ئۈزلۈكسىز ئۇزارتىپ، كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغاندىن بۇيان، يۈ جۈڭلىن ئاكتىپ ھالدا مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، خوتەن ۋىلايىتىدىكى نامرات نوپۇسلاردىن 660 ئادەم قېتىمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ماسلاشتۇرۇپ، 300دىن ئارتۇق نامرات ئائىلىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ 20 مىڭ يۈەندىن ئېشىشىغا ياردەم بەردى.

بۇ يىلقى تەكلىپلەردە يۈ جۈڭلىن ساھە ئۆلچىمى سۈپىتىنى دەلىللەش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ۋە ئاپتوموبىلغا ئىشلىتىلىدىغان تەبىئىي گاز كەسپىنى باشقۇرۇش بويىچە قانۇن چىقىرىش جەھەتلەردىكى مەزمۇنلارنى يىغىدىن قوشتى. جىمنەي، چىڭگىل جۇڭگو نېفىتى نۇقتا بەلگىلەپ نامراتلارنى يۆلەيدىغان ناھىيە، ئىككى ناھىيەنىڭ گاز قاچىلاش پونكىتى تورى قۇرۇلۇشى دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۇ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، تەكلىپلەرنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرمەكچى بولدى. يۈ جۈڭلىن يەنە گاز قاچىلاش پونكىتى قۇرۇلۇشىغا دائىر قانۇن چىقىرىشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىش، دۆلىتىمىزنىڭ ساھە ئۆلچىمىنى دەلىللەش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تېزلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئەقىل - چارە كۆرسىتىپ، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىنى قوزغاشنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى ئېنېرگىيە تەمىنات سىستېمىسىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولماقچى بولدى.

«بۇ يىل، بىز ‹مىخ قېقىش روھى› ئارقىلىق، بىر تۈر بىر تۈردىن ئۇلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئاپتونوم رايون ۋە جۇڭگو نېفىتى ئورۇنلاشتۇرغان نۇقتا بەلگىلەپ نامراتلارنى يۆلەش ۋەزىپىسىنى پۇختا تاماملاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىمىز.» يۈ جۈڭلىن مۇنداق بىلدۈردى: بۇ يىل جۇڭگو نېفىتى نۇقتا بەلگىلەپ نامراتلارنى يۆلەيدىغان ئالتە ناھىيەگە سېلىنىدىغان مەبلەغنى ھەربىر ناھىيەگە 10 مىليون يۈەن كۆپەيتىپ، جۇڭگو نېفىتى شىنجاڭ سېتىش چەكلىك شىركىتى بۇ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى ياخشى باشقۇرۇپ، ياخشى ئىشلىتىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمىنى كۆپەيتىشى ئۈچۈن «نېفىت كۆچى»نى بېغىشلايدۇ.

---

## بىخەتەرلىكنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش
## يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش

تەكلىپ - تەۋسىيەلەرنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ جىيۈن خەۋەر قىلىدۇ: «كېيىنكى قەدەمدە، مىنىسترلىقىمىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېزا - بازارلارنىڭ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئۆلچىمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكى سىستېمىسى قوشۇندىكى خادىملارنى ئىقتىدارى بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىقتىن كۈچىيىشكە ئۆزگىرىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.» جاۋ جىنلۇڭ قاتارلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى توققۇز نەپەر مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىدا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىكى، يېزا مىنىسترلىقى قايتۇرغان جاۋابىدا كۆپ تۈرلۈك ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

جاۋ جىنلۇڭ مۇنداق دېدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىقتىسادنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ساغلاملىق، بىخەتەرلىك ئېڭى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى، دۆلىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنى ئۆستۈرۈش ئىنتايىن زۆرۈر.

«دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنى توغرىسىدا تەكلىپ بېرىمەن.» جاۋ جىنلۇڭ مۇنداق دېدى: ئالدى بىلەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكى تەشۋىقاتى ۋە تەربىيەلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقارغۇچىلىرى بىلەن يېزا ئىگىلىكى ئەشيالىرى تىجارەتچىلىرىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئېڭى ھەم ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىستېمالچىلارنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئاندىن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ يېڭى كەسىپ ئۆگىنىش نۇقتىسىنى ئىگىلىشى ۋە بايقىشىغا ياردەم بېرىپ، يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى زورايتىشنى تېخنىكا تىرەكى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يېزا ئىگىلىكى، يېزا مىنىسترلىقى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: نۆۋەتتە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى بارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەردە، 97% يېزا - بازاردا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى قۇرۇلدى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. دۆلىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى، ئەسلىھە - جابدۇق شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئىقتىدارى تېز ئۆسۈپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىدى.

كېيىنكى قەدەمدە، يېزا ئىگىلىكى، يېزا مىنىسترلىقى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى يېرىك پىلانىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاپپاراتلار قوشۇن قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ. ئېكولوگىيەلىك ئايلانما يېزا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، يېشىل ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇپ، يېزا ئىگىلىكنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى كۈچەيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە باشلامچى كارخانىلارنىڭ تىجارەت تەرەققىياتىنى قوللاش سالمىقىنى كۈچەيتىپ، ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ ئالاقىدار قوللاش سىياسەتلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باشلامچى كارخانىلارنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى تېز ئالغا سىلجىتىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)